شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 8 - ئاي
15
شەنبە
维吾尔文 8月15日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 57–1 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25154 - سان بۈگۈن 4 بەت

شىنجاڭنىڭ ياڭاق ئۆستۈرۈش كۆلىمى مەملىكەت بويىچە 6 - ئورۇندا، مەھسۇلات مىقدارى مەملىكەت بويىچە 2 - ئورۇندا تۇردى

ئىنچىكىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش «كۆچلۈك، يادرولۇق» سۈپەتنى بارلىققا كەلتۈردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ دۈڭلەي** خەۋەر قىلىدۇ: «2019 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياڭاق ئۆستۈرۈش كۆلىمى 5 مىليون 840 مىڭ موغا يېقىنلىشىپ، مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 10 مىڭ توننىدىن ئاشتى (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، ئۆستۈرۈش كۆلىمى مەملىكەت بويىچە 6 - ئورۇندا بولسىمۇ، مەھسۇلات مىقدارى مەملىكەت بويىچە 2 - ئورۇندا تۇردى، بۇنىڭدىكى سەۋەبى نېمە؟» 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى باغ - ئورمانچىلىق كەسپى تەرەققىيات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىن شىڭخۇي مۇنداق دېدى: «ئىنچىكىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئارقىلىق شىنجاڭ ياڭىقىنىڭ سۈپىتى ئەلا، مىقدارى تولۇق بولدى، بۇ، ‹كۆچلۈك ئەمەلىي كۆچ›».

قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ سايباغ يېزىسىدا، 1600 نەچچە يىللىق يەتتە تۈپ ياڭاق دەرىخى يەنىلا بوك - باراقسان ئۆسمەكتە. بۇ ياڭاق دەرەخلىرىنى چۆرىدەپ، قاغىلىق ناھىيەسى تەخمىنەن 580 مىڭ مو كۆلەمدىكى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى نۇرى گۈزەل جۇڭگونى جۇلالاندۇردى

—— سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق ئىدىيەسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنىڭ 15 يىللىقى پەيتىدە

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى**
دۇڭ جۈن، ۋاڭ جۈنلۇ،
گاۋ جىك، خۇ لۇ

تومۇز يازدىكى يۇسۇن كەنتى يېشىللىققا پۈركەنگەن بولۇپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، جىياڭنەننىڭ گۈزەل مەنزىرىسى نامايان بولۇپ تۇراتتى.

2005 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، جېجياڭنىڭ شىمالىدىكى بۇ ئادەتتىكى كىچىك تاغلىق كەنتتە، شۇ چاغدىكى جېجياڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى يولداش شى جىنپىڭ مۇھىم ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى — سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق.

15 يىللىق يېشىل تەرەققىيات ئەمەلىيىتى بۇ ھۆكۈمنىڭ چوڭقۇر ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى جانلىق شەرھلەپ بەردى. بۈگۈنكى كۈندە، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق ئىدىيەسى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تونۇشى ۋە ھەرىكىتىگە ئايلاندى، يېڭى دەۋرنىڭ بىر پارچە يېشىل يۈگمە رەسىمى گۈزەل جۇڭگودا كەڭ يېيىلماقتا!

ئېكولوگىيەنى ئاسرىغانلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىق —— «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» ئىدىيەسى جۇڭگونىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ يېشىل ئۆزگىرىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى

يۇسۇن كەنتىدىكى چۈنلىن ئارامگاھدا ئۆي ئىگىسى پەن چۈنلىن يېقىندىن بۇيان ھەر كۈنى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتتۈۋاتاتتى — ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ساياھەتچىلەر ئۈچۈن يېتەرلىك يەرلىك كۆكتات، يېمەكلىك ماتېرىيالى تەييارلىشى كېرەك ئىدى: قۇرۇتۇلغان بامبۇك نوتىسى، يەرلىك توخۇ، تۇزلانغان گۆش… ھەممىسى ئاساسەن كەنتنىڭ خاس مەھسۇلاتلىرى ئىدى.

«مەن ئىلگىرى تاش كانىدا تراكتور ھەيدەيتتىم، كان تاقالغاندىن كېيىن كەنتتە ئەڭ بالدۇر پۇقراۋى قونالغۇ ئاچتىم، كىرىمىمنىڭ نەچچە ئون ھەسسە ئاشقانلىقىنى دېمەي تۇرايلى، ئىشىكنى ئاچساقلا تاغنىڭ ھەممە يېرىنىڭ يېشىللىققا پۈركەنگەنلىكىنى كۆرىمىز، بۇ، كىشىگە جىسمانىي، روھىي جەھەتتىن ئازادىلىك بېغىشلايدۇ.» ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئەسلىگىنىدە، ئۇ ئۆزىنىڭ خېلى بۇرۇنلا «تەمنى تېتىپ بېقىش» مەقسىتىدە پۇقراۋى قونالغۇ بىلەن شۇغۇللانغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى، شۇنداقلا ئەينى يىلى كەنتنىڭ كانىنى تاقىۋەتكەنلىكىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولغانىدى.

يۇسۇن كەنتى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇجوۋ شەھىرى ئەنجى ناھىيەسى تيەنزىخۇاڭپىڭ بازىرىغا جايلاشقان بولۇپ، 2005 - يىلىدىن بۇرۇن بۇ يەردە سېمونت زاۋۇتى، تاش قېزىش مەيدانى كۆپ بولۇپ، ھەممە يەرنى چاڭ - توزان قاپلاپ، كۆزنى ئاچقىلى بولمايتتى. بۈگۈنكى كۈندە، يۇسۇن كەنتى ناھايىتى ئاۋات 4A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونىغا ئايلاندى. چېقىپ كۆچۈرۈلگەن سېمونت زاۋۇتىنىڭ كونا ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن رەڭدار ئېتىزلىققا ئايلاندى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

ئېكولوگىيەنى قوغداش سالمىقى زورايتىلدى ئوتلاق جانلىقلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى

پامىر ئېگىزلىكىدە ئارقارلار توپى قايتا پەيدا بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خەن جىنيەن** خەۋەر قىلىدۇ: «ئىلگىرى چارلىغاندا، ئارقارلار توپىنى ناھايىتى ئاز ئۇچرىتاتتۇق، بۈگۈنكى كۈندە تاشقورغان يېزىسىنىڭ سىرىقتاش كەنتى بويىدا تۇرۇپ يىراققا نەزەر سالساق، دائىم توپ - توپ ئارقارلارنىڭ بەخىرامان ئوتلاۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز» دېدى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تاشقورغان ياۋايى ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ «تىرىك خەرىتىسى» دەپ ئاتىلىدىغان خىزمەتچىسى ئىمىنجان خۇداۋەدى. پامىر ئېگىزلىكى ئېكولوگىيەسىنى قوغداش سالمىقىنىڭ زورايتىلىشىغا ئەگىشىپ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ ئورمان، يېپىنچا ئۆسۈملۈك كۆلىمى تەدرىجىي كېڭىيىپ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ياشاش مۇھىتى ياخشىلىنىپ، پامىر ئېگىزلىكىدە ئارقارلار توپ - توپ بولۇشتەك مەنزىرە تۈيدۈرمەي قايتا پەيدا بولدى.

تاشقورغان تىيانشان تېغى، كۇئېنلۇن تېغى، قاراقۇرۇم تېغى، ھىمالايا تېغى قاتارلىق كۆپلىگەن چوڭ تاغ تىزمىلىرى كېسىشكەن جايغا جايلاشقان بولۇپ، مۇزلۇق، قارلىق تاغلار ھەممە يەرگە تارقالغان، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى بىرقەدەر ئاجىز.

تاشقورغان چارۋىچىلىقتىن ئوتلاققا قايتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ئوتلاق جانلىقلىرىنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئوتلاقنىڭ بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش، سۇ ساقلاش، تۇپراقنى ساقلاش، سۇ مەنبەسىنى ساقلاش، ھاۋانى ساپلاشتۇرۇش قاتارلىق ئېكولوگىيە ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. 2018 - يىلىدىن بۇيان،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ھاللىق تۇرمۇشمىزغا ئاتلىنايلى

«سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق»نىڭ يېڭى يۈگمە رەسىمى بىرلىكتە سىزىپ چىقىلدى

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىن شىنجاڭغا نەزەر ⑥

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز**
ليۇ دۈڭلەي

سوزۇلۇپ ياتقان كۇئېنلۇن تېغى، تىيانشان تېغى، ئالتاي تېغىدىن ئىبارەت ئۈچ غايەت زور تاغ تىزمىسىنىڭ مۇزلۇق زاپىسى مول، بىپايان قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيە ئاساسىنى بەرپا قىلغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون شى جىنپىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى كۆز قارىچۇقنى ئاسرىغاندەك ئاسرىدى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا ھاياتقا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلدى. «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» ئىدىيەسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا جانلىق ئەمەلىيەتكە ئايلاندى.

ئادەملەر يېشىل تاغلارغا يۈز كېلىسە، يېشىل تاغلارمۇ ئادەملەرنى چوقۇم نائۈمىد قويمايدۇ. شىنجاڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسرىغاچقا، تەبىئەت دۇنياسى قايتۇرغان بارغانسېرى كۆپ جاۋابقا ئېرىشمەكتە. 25 مىليون ھەر مىللەت ئاممىسى سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ ئارىسىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ، پۇختا قەدەم بىلەن ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە ئاتلانماقتا.

سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى تەرەققىيات بوشلۇقى

سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق. تارىم دەرياسى ئېقىن رايونىدىكى 12 مىليون ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ بۇ سۆزگە بولغان تەسراتى ئەڭ چوڭقۇر. 20 نەچچە يىللىق ئېكولوگىيەنى تۈزەشنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، تارىم دەرياسى ئېقىن رايونى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ ياخشىلىنىشىدا يۈزلىنىش ۋەزىيىتى يەنىمۇ كۈچىيىپ، كىشىلەرنى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ پايدىسىدىن بەھرىمەن قىلدى.

ئاسماننىڭ كۆك، يەرنىڭ يېشىل، سۇنىڭ سۈزۈك بولۇشى مۇقەررەر ھالدا ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېخىمۇ زور يۆتكىلىشچان بوشلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ يەر يۈزىدە كۆرگىلى بولىدىغان خەزىنە ھېسابلىنىدۇ.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

لوپنۇر ناھىيەسىدىكى لوپنۇر دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسى (6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان). يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تارىم دەرياسى ئېقىن رايونى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇ سۇلۇق يەر باغچىسى كۆپلىگەن ياۋايى ھايۋانلارنى بۇ يەرگە كېلىپ كۆپىيىش، ياشاشقا جەلپ قىلدى. □ لى فېي فوتوسى

سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتنىڭ ئەڭ گۈزەل ئاساسىي رېڭىگە ئايلاندۇرايلى

□ **گېزىتىمىز ئوبزورچىسى**

«سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق»، باش شۇجى شى جىنپىڭ 15 يىل ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» ئىدىيەسى بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تونۇشى ۋە ھەرىكىتىگە ئايلاندى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى بىرتۇتاش پىلانلىشنى ئىلمىي كۆرسەتمە بىلەن تەمىنلىدى.

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا، يېشىللىق ئەڭ گۈزەل ئاساسىي رەڭ. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىت خەلق تۇرمۇشى دېمەكتۇر، يېشىل تاغ گۈزەللىك دېمەكتۇر، كۆك ئاسمانمۇ بەخت دېمەكتۇر، دەپ تەكىتلىدى. بۇ، دەل ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ئەڭ ئومۇمىي مەنپەئەتدار خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ مۇھىم ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» ئىدىيەسىنى زور كۈچ بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى ماس ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئالدىنقى يەتتە ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدا توردا تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان قۇرۇلۇش تۈرى 5000دىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈجاۋ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىدىن ئىگىلىشچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش - باشقۇرۇش سىستېمىسى 1 - ئايدا رەسمىي تورغا چىقىرىلغاندىن بۇيان، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ، خىزمەت مېخانىزمى ئورنىتىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، سىستېما ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگەن. 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگە قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە توردا تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان تۈر سانى 5129 بولۇپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئۈنۈم ئىقتىدارى تەدرىجىي ئۆسكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: تۈر ئىلتىماس قىلغاندا،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېغىر كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش كۈچى يەنىمۇ كۈچەيدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **چاۋ جىن، سۇ لۇپىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: شىنجاڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان ئېغىر تىپلىق، خەتەرلىك ئېغىر تىپلىق ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، يېقىندا دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى دۆڭنەن داشۆ قارىمىقىدىكى جۇڭدا دوختۇرخانىسى، سىچۈەن داشۆ خۇاشى دوختۇرخانىسى، بېيجىڭ شيېخې دوختۇرخانىسى، سۇبېي خەلق دوختۇرخانىسى، خاربىن تېببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا، جۇڭشەن داشۆ قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىدىن ئىبارەت ئالتە دوختۇرخانىدىن ئېغىر كېسەللەر مېدىتسىناسى بۆلۈمىدىن 18 نەپەر دوختۇر ۋە سېستىرانى ئاجرىتىپ، دۆلەت ئېغىر كېسەللەرنى داۋالاش ئەترىتى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا ياردەم بەردى.

8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي داۋالاش - قۇتقۇزۇش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدا بىرلەشمە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كوللېكتىپ دىياگنوز قويۇشىغا قاتناشقاندىن كېيىن، دۆلەت ئېغىر كېسەللەرنى داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى كېسەل رايونىغا كىرىپ خىزمەتنى باشلىدى.

«گوۋۇيۈەننىڭ بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمىنىڭ تەلىپى بويىچە، بۇ نۆۋەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش جەريانىدا، بىزنىڭ نۇقتىلىق خىزمىتىمىز كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 33 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بەش يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 33 ئاغرىق دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مەسىلىسىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)